
ۋ. گ. يان

# «ئاخىرقى دېڭىز» غا يۈرۈش



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
1512. 45
89

ۋ . گ . يان (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

# «ئاخىرقى دېڭىز» غا يۈرۈش

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى مۇقىيت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

走向"最后的海洋"/〔前苏〕维·格·扬著；阿布都瓦力·穆克依提译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.3
ISBN 7-228-09939-7

Ⅰ.走… Ⅱ.①维… ②阿… Ⅲ.历史小说—前苏联—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I512.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 023546 号

责任编辑：穆纳尔江·托合塔洪
责任校对：阿依古丽·阿西木
封面设计：米尔扎提·阿布都拉·塔吉

走向"最后的海洋"（维吾尔文）

〔前苏〕维．格．扬 著
阿布都瓦力·穆克依提 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 16.875 印张 2 插页
2006 年 4 月第 2 版 2006 年 4 月第 1 次印刷
印数：1—1000

ISBN 7-228-09939-7 定价(精装)：35.00 元

بۇ كىتاب ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据内蒙古人民出版社一九八五年三月第一版,一九八五年十月第一次印刷本翻译出版。

مەسئـۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل ھاشىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

# «ئاخىرقى دېڭىز» غا يۈرۈش

ئاپتورى: ۋ. گ. يان (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى مۇقىيت
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 16.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—1000
ISBN 7—228—09939—7
باھاسى (قاتتىق مۇقاۋىلىق): 35.00 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

« ‹ئاخىرقى دېڭىز ›غا يۈرۈش » سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ستالىن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىسى ۋاسىلىي گىردگورېۋىچ يانچېۋسكىي (يان — ئەدەبىي تەخەللۇسى ) نىڭ تارىخىي ترىلوگىيىسى — «موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزى » (بىرىنچى قىسمى «چىڭگىزخان » ، ئىككىنچى قىسمى «باتۇخان » ) نىڭ ئۈچىنچى قىسمى .

بۇ روماندا XIII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى 40 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل ، تاتار قوشۇنلىرىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخاننىڭ باشچىلىقىدا ياۋروپاغا يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلغانلىقى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلىنىپ ، موڭغۇللارنىڭ سەركەردىلىرى ، مۇشاۋىرلىرى ، خانىشلىرى ، باغداد خەلىپىلىكىنىڭ ئەلچىسى ، گېرمانىيە خاقانى ، سالنامەچىلەر ، جۇڭگو بىناكارلىرى قاتارلىق نۇرغۇن پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان . كىيىۋ قەلئەسىدىكى ئۇرۇش ، باتۇخان بارگاھىدىكى بەگلىكلەرنىڭ كېڭىشى ، تاغ جىلغىلىرى ۋە تۈزلەڭلىكلەردە يۈرۈش قىلىۋاتقان قوشۇنلارنىڭ ئىلىپ بارغان دەھشەتلىك ئۇرۇشلىرى ناھايىتى تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، موڭغۇللار ، شەرقىي ئاسىيا ، كىچىك ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ، ئۆرپ - ئادەتلىرى ، شامان دىنى ، خرىستىئان دىنى ، ئىسلام دىنى قاتارلىق



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ دىنىي مۇراسىم شەكىللىرى تونۇشتۇرۇلغان .

كىتابنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ، قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە ، تەسۋىرلىرى ئىنچىكە ۋە تىلى راۋان بولۇپ ، ئوقۇرمەنلەرنى كۈچلۈك هاياجانغا سالىدۇ .

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى قىسىم بۇ ئىش باغدادتا بولغان** ........ 1

بىرىنچى باب خاتەم ئويغۇچى — «تەقۋادار دۇتان» ........ 1

ئىككىنچى باب يېرىم كېچىدە ........ 5

ئۈچىنچى باب خەلىپە ئوردىسىدا ........ 11

تۆتىنچى باب «ئات ئۇرۇق ماڭىدۇ» ........ 19

بەشىنچى باب ئەركىن ئۆۋچىنىڭ سىرى ........ 23

**ئىككىنچى قىسىم ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا** ........ 30

بىرىنچى باب قوش ماچىتىلىق كېمە — «شامالىلار مەلىكىسى» ........ 30

ئىككىنچى باب مۆجىزە ........ 36

ئۈچىنچى باب موڭغۇل ئايغاقچىلىرى ........ 40

تۆتىنچى باب ئابدۇراخمان پالچى ساھىبەنىڭ چېدىرىدا ........ 53

بەشىنچى باب ئەقىللىق بىبى قۇندۇز ........ 60

ئالتىنچى باب ئەرەب سودىگىرىنىڭ زىياپىتى ........ 70

**ئۈچىنچى قىسىم باتۇخاننىڭ قارارگاھىدا** ........ 77

بىرىنچى باب «ئالتۇن ئوردا» ........ 77

ئىككىنچى باب باتۇخان زۇۋانغا كەلدى ........ 82

ئۈچىنچى باب ئەزرائىل ........ 86

تۆتىنچى باب «جاھان ياسانچۇقلىرى» ........ 98

بەشىنچى باب ئەرەب ئەلچىسى تاتارخانىنىڭ قوبۇلىدا ··· 104
ئالتىنچى باب «ئەرش دۆلىتى» پايتەختىنىڭ بەرپا
بولۇشى ······························· 107
**تۆتىنچى قىسىم نوۋگورود ئەلچىسى باتۇخان
ھوزۇرىدا** ······························· 111
بىرىنچى باب رۇس تۇتقىنى سوراقتا ··················· 111
ئىككىنچى باب رۇس فلوتى كەلدى ··················· 117
ئۈچىنچى باب ئېيىق ئويۇنى ··················· 122
تۆتىنچى باب كىشىنى بىزار قىلغۇچى مېھمانلار ········ 132
بەشىنچى باب قايغۇلۇق سەپەر ··················· 139
ئالتىنچى باب باتۇخانىنىڭ ئىلتىپاتى ··················· 145
يەتتىنچى باب ياغاچ قونچاق ··················· 156
سەككىزىنچى باب ئۈچ ئېغىز سۆز ··················· 160
توققۇزىنچى باب ئۇ ئاخىر ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ······ 171
ئونىنچى باب بەختسىزلىك ··················· 176
ئون بىرىنچى باب دەرد - ئەلەم ··················· 182
ئون ئىككىنچى باب موناستىردا ··················· 186
**بەشىنچى قىسىم قارا بۇلۇت** ··················· 192
بىرىنچى باب جىنىنىڭ بېشارىتى ··················· 192
ئىككىنچى باب كەچكى قۇياش نۇرى ئاستىدا ·········· 196
ئۈچىنچى باب باتۇخانىنىڭ غەزىپى ··················· 202
تۆتىنچى باب نوغايخانىنىڭ ئەدەپسىزلىكى ··················· 215
بەشىنچى باب «جېنىدىن تويغانلار» قارارگاھىدا ········· 225
ئالتىنچى باب ئۇرۇشقا يۈرۈش قىلىش كۈنى بېكىتىلدى
······························· 237

ئالتىنچى قىسىم «قوياش پاتقان ئەللەر» خەتەر
ئاستىدا ............................................ 243
بىرىنچى باب مۆڭكەخان كىيىق بوسۇغىسىدا ............ 243
ئىككىنچى باب كوتان خاننىڭ چېدىرىدا ................ 249
ئۈچىنچى باب تەمبەردىنىڭ ھېكايىسى .................. 257
تۆتىنچى باب قىپچاق دالاسى كۆيمەكتە ................ 263
بەشىنچى باب يۈزبېشىنىڭ كالا هارۋىسى ............... 266
ئالتىنچى باب سۈبەتەينىڭ تۆمۈر هارۋىسى .............. 270
يەتتىنچى باب ئېتىقاد قىلغۇچىدىن خەلىپىگە ئەۋەتىلگەن
مەكتۇپ ............................................ 272
يەتتىنچى قىسىم دنېپر بويىدا ......................... 276
بىرىنچى باب نوۋگورودتىن ئايرىلىش .................... 276
ئىككىنچى باب ۋادىم كىيىقتا .......................... 287
ئۈچىنچى باب چارۋىچىلارنىڭ دوستى .................... 293
سەككىزىنچى قىسىم كىيىقنىڭ ئاخىرقى كۈن-
لىرى ................................................ 301
بىرىنچى باب كىيىقتا خاتىرجەمسىزلىك ................. 301
ئىككىنچى باب كىنەز سارىيىدا .......................... 305
ئۈچىنچى باب كىيىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خەلق كېڭىشى ...... 317
تۆتىنچى باب باتۇخاننىڭ چېدىرىدا ..................... 330
بەشىنچى باب ۋادىم قۇربان بولدى ...................... 337
ئالتىنچى باب كىيىقنىڭ ئاخىرقى كۈنى .................. 348
يەتتىنچى باب باغداد خەلىپىسىگە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ ... 353
سەككىزىنچى باب تاتارلار كەتكەندىن كېيىن ............. 358
توققۇزىنچى باب ئالغا! تېزلىك بىلەن ئالغا! ............ 362

توققۇزىنچى قىسىم موڭغۇل سالمىسى ياۋروپا بويىندا ........................................ 373
بىرىنچى باب موڭغۇللار ھۇجۇمى ئاستىدىكى ياۋروپا ... 373
ئىككىنچى باب لىگنىيستىكى ئۇرۇش ........................ 378
ئۈچىنچى باب قەھرىمان ناخشىچى ........................ 383
تۆتىنچى باب ماجار ئېلىدە ................................ 395
بەشىنچى باب پوشتا ............................................ 398
ئالتىنچى باب ھەمراھ شەھەرلەر ............................ 401
يەتتىنچى باب كوتان خاننىڭ ئۆلۈمى ........................ 404
سەككىزىنچى باب سايىئو بويىدىكى ئۇرۇش ................ 410
توققۇزىنچى باب «ئاخىرقى دېڭىز»غا بېرىش يولىدا ... 416
ئونىنچى قىسىم باتۇخان ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدا ........................................ 420
بىرىنچى باب ياۋروپادا خاتىرجەمسىزلىك ................ 420
ئىككىنچى باب بۇ «ئاخىرقى دېڭىز»مۇ؟ ................ 426
ئۈچىنچى باب كۈتۈلمىگەن ۋەقە ............................ 431
تۆتىنچى باب قەيسەر تاغلىقلار ............................ 437
بەشىنچى باب قىپقىزىل قانغا بويالغان قول ............ 447
ئون بىرىنچى قىسىم تالاش - تارتىشنىڭ باشلىنىشى ........................................ 453
بىرىنچى باب باتۇخان تىرگىستوم بوسۇغىسىدا ............ 453
ئىككىنچى باب «ئۇلگېرچ»نىڭ ناخشىسى ................ 458
ئۈچىنچى باب يىراقتىكى ئەلچى ............................ 468
تۆتىنچى باب ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي كېڭەش ................ 470

**ئون ئىككىنچى قىسىم كۆكۆچ دېڭىز بويىدا**······ 488

بىرىنچى باب پادىشاھ داچىسىدا ························ 488

ئىككىنچى باب كۇتۇلمىگەن خەۋەرچى ···················· 492

ئۇچىنچى باب «تەقۋادار» دۇتاندىن كەلگەن خەت ······ 503

**ئون ئۇچىنچى قىسىم يۇرۇشنىڭ ئاخىرلىششى**··· 508

بىرىنچى باب دوناي بويىدىكى سۆھبەت ················· 508

ئىككىنچى باب يۇلتۇز خاتۇننىڭ يۇلتۇزى كۆچتى ······ 513

ئۇچىنچى باب باتۇخاننىڭ ئەندىشىسى ···················· 519




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# بىرىنچى قىسىم

# بۇ ئىش باغدادتا بولغان

## بىرىنچى باب

## خاتەم[1] ئويغۇچى — «تەقۋادار دۇتان»

باغداد جامەسىنىڭ مەيدانىدىكى كەڭ تاش پەلەمپەيگە يانداپ بىر تاش شىرە قويۇلغان، شىرە يېنىدا ئولتۇرغان تەقۋادار دۇتان سىلىقلانغان بۇرەك شەكىللىك خاتەم ئۇستىگە ئەرەبچە ھۆسنخەت بىلەن خاتەم ئويدۇرغۇچىنىڭ ئىسمى ـ شەرىپىنى ئاجايىپ ماھىر-لىق بىلەن چېكىشۋاتاتتى. ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈككە ئويۇلغان بۇ سىرلىق تىلتۇمار ئىگىسىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايتتى ياكى ئۇنى يامان كۆزلەردىن ۋە قارغىش ـ ئەپسۇنلار-دىن ئامان ساقلايتتى.

جامەگە ناماز ئوقۇغىلى كەلگەن سالاپەتلىك كىشىلەرنىڭ قاي-سىبىرى تاش شىرە ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان بۇ سەنئەتكارنى، يەنى «تەقۋادار دۇتان» (ھەممە كىشى بۇ خاتەم ئويغۇچىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) نى، ئۇنىڭ ئۇزۇن قىزىل ساقىلىنى، ئۆسكىلەڭ قارا قاشلىرىنى ۋە قارا قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى خۇنۇك، ئەمما

---

[1] خاتەم — مۆھۈر ئۈزۈك.

تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق كۆزلىرىنى كۆرمىگەن دەيسىز ؟

بىر كۈنى ، ئۈستىگە قىممەت باھالىق ، لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت كىيگەنلىكتىن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن يۇڭ چەكمەن چاپان كىيگەن ، سالاپەتلىك بىر ئادەم تەقۋادار دۇتانىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى . ئۇ بىر تەرىپى سۇزۇك ، ئاچ يېشىل رەڭلىك كەھرىۋانى تاش شىرە ئۈستىگە قويۇپ ، دۇتاندىن «مۇقەددەس خەلىپىنىڭ ساقال ئالغۇچىسى ئېھتىياتكار ھاسان» دېگەن خەتلەرنى ئويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

— ئەپۇ قىلغىن ، ئۆزۈم قادىر بولمىغان ئىشلارنى قىلالمايمەن ، — دۇتان قولىدىكى ئىشنى توختاتماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — بۇ خەتلەر ساڭا ئويلىمىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن . ياخشىسى باشقا خەت يازغۇزغىن ، مۇقەددەس خەلىپە ئەخلاق ۋە دىيانەتنىڭ نەمۇنىسى ، ئۇ ھەرگىزمۇ ساقىلىنى ئالدۇرمايدۇ . مۇبادا شۇنداق بولسا ، پۇقرادىن خاتىرجەملىك كۆتۈرۈلىدۇ . ماشائاللا ، ماشائاللا ! ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ !

— سېنىڭچە ، قانداق خەت مۇۋاپىق ؟ — دېدى ھاسان تەئەججۈپ ۋە ئەنسىز كەيپىيات بىلەن .

— سېنىڭ ئەجدادىڭ ، بۇنىڭدىن بەش يىل مۇقەددەم پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان ساقال ئالغۇچى ئۇستام مۇنداق خەتلەرنى ئىشلەتكەنىدى : «مۇقەددەس خەلىپىنىڭ ساقىلىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئابدۇللا بەربەر» بۇنداق خەتلەر ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرمەيدۇ... چۈنكى ئۇ ساقىلىنى قوغدىغۇچى -دە ! — دېدى دۇتان بىگىز قولىنى مەنىلىك چىقىرىپ ، — بۇنداق بولغاندا خەلىپە — خۇدا ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي — سېنىڭ ئېھتىياتكارلىقىڭدىن مەمنۇن بولىدۇ .

— بولىدۇ ، دېگىنىڭدەك بولسۇن ! — دېدى ھاسان خاتەم ئويغۇچىغا . مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ كۆزى توساتتىن خەت ئويۇلغان بىر ئالتۇن ئۈزۈككە چۈشۈپ قالدى . بۇ ئۈزۈكنىڭ قانداقتۇر بىر

يېرى ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى ، — ئاۋۇ قـالـداق خەت ، — دېدى ـ دە ، ئۇنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى سوزدى .

تەقۋادار دۇتان مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن ئالتۇن ئۇزۇكنى ئېلىپ ، قويىنىدىكى ئۇزۇكلەر سېلىنغان زۆرۈرىيەت ھەميانىغا سالدى ۋە :

— بۇ ئۇزۇككە خەتنى تېخى ئويۇپ بولالمىدىم . مەن ئەزەلدىن قولۇمـدىن چىقـمىغان ئىشنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى ياقتۇرمايمەن ، — دېدى .

دەل شۇ چاغدا ، كېلىشكەن ، شوخ ئارغىماققا مىنگەن ياش بىر يىگىت ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە ، ئاتتىن چۈشمەيلا :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك ئۇستازىم — تەقۋادار دۇتان ! مېنىڭ ئۇزۇكۇم پۈتتىمۇ ؟ — دېدى .

ئەزەلدىن خاتىرجەم يۈرىدىغان دۇتان ھولۇقۇپ قالدى . زۆرۈرىيەت ھەميانىدىن ھېلىقى ئالتۇن ئۇزۇكنى چىقىرىپ ، پەلەمپەيدىن چۈشكىنىچە ئاتلىقنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى .

ئاتلىق يىگىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىنتايىن ياش ، چەبدەس ۋە كېلىشكەن يىگىتلەر ئىدى . ئاتلىق يىگىت 25 ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ ، ئاددىيغىنا كىيىنگەنىدى . ئۇنىڭ تۇرقى چۆللۈكنى ماكان قىلغان كۆچمەن بەدەۋىلەرگە ئوخشايتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ كىيگەن جۇل - جۇل كىيىملىرىدىن ۋە ئۆزىنى تۇتۇشىدىن باتۇر ، ئەركىن ئادەملەرگە خاس مەغرۇرانە قىياپەت جەۋلان قىلاتتى . ئۇنىڭ جىسمىدا ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقنىڭ ھاياتي كۈچى ، پاك قەلبىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئىللىق چىراي ئۇنى تېخىمۇ جەسۇر ۋە يېقىملىق قىلىپ كۆرسەتەتتى .

ئاتلىق ئۇزۇكنى ئالغاندىن كېيىن ، مەيداننى توغرىسىغا كېسىپ چاپتۇرۇپ كەتتى . ئات تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ بېسىلغاندىن كېيىن ساقال ئالغۇچى ئۇستا ھاسان :

— بۇ كىم ؟ — دەپ سورىدى .

— كىملىكنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ ! سەن ئۇچۇن بەرىبىر ئەمەسمۇ ؟ سەن ساقلىغىنى ئېلىشنى بىل ، ئۇ ئېتىنى كۆندۈر-سۇن . ئۇ ئەرەبلەرنىڭ بەيگە مەيدانىدىكى ئەڭ چەبدەس چەۋەنداز . ئۇ ھەرقانداق توسۇن ئايغىرنى كۆندۈرەلەيدۇ ، — دېدى دۇتان زەردە بىلەن .

— ئۇنىڭغا ئالتۇن ئۈزۈك نېمىگە ھاجەت بولۇپ قاپتۇ ؟

تەقۋادار دۇتان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ كەتتى . پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ نامازغا كىرىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرمۇ ھەيران بولغى-نىدىن توختاپ ئۇلارغا قاراپ قېلىشتى .

— سەن بۇ ئۈزۈك بىلەنلا قالدىڭغۇ ؟ نېمە چاتىقىڭ بار ، زادى نېمە دېمەكچىسەن ؟ ئەگەر سەن ئوردىنىڭ «جاسۇسى» بولساڭ ، مەن ساڭا جاۋاب بېرەي ، بولمىسا ھازىر كۆزۈمدىن يوقال !

ساقال ئالغۇچى ئۇستا ھاسان كەينىگە داجىغىنىچە دەرھال كۆزدىن غايىب بولدى . ئۇ ئۇدۇل ئوردىغا كىرىپ بۇ ۋەقەنى ۋەزىرگە مەلۇم قىلدى :

— ئەل - مەنسۇر[1] نىڭ ئۈزۈكى بولۇشى ئېھتىمال ، — دېدى ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي ۋەزىرگە ئەھۋالنىڭ جەريانىنى مەلۇم قى-لىپ ، — سىلى بۇ ئەھۋالنى چوقۇم يۇقىرىغا مەلۇم قىلسىلا . بۇ ئىشنىڭ تېگىدە يەنە قانداق خۇپىيانە سىر بار ، ئاللا بىلىدۇ .

---

① ئەل - مەنسۇر — كورت خەلىپىنىڭ قۇللار مۇھاپىزەت توپىنىڭ باشلىقى ، ئوتتۇرا ئەسىر كىتابلىرىدا ئەلى مەنسۇر دەپ ئاتالغان .

# ئىككىنچى باب

## يېرىم كېچىدە

باغدادتا قۇياش ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇ-چىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى. دۇتان يولۇچىلارنىڭ كەينىدىن چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ، ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدا، بازاردىكى سودا دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى ئالىلىقاچان چىراغ-لىرىنى ياندۇرۇپ بولغانىدى.

ئۇ خىلۋەت بىر تار كوچىغا بۇرۇلۇپ، ئۇدۇلدىكى كىچىك ئىشىكنى قاقتى. بىر غېرىب چىراي يەكچەشمە ئادەم ئىشىكنى غىچىلدىتىپ ئاچتى. دۇتان تار ھويلىغا قويۇلغان كالا ھارۋىسىنى ئەگىپ ئۆتتى. ئاندىن قىستىلىشىپ تۇرغان تۆگىلەرنى ئېھتىيات بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ماھمۇت يالۋاچنىڭ[1] مال قويغان ئىككى قەۋەتلىك ئامبار ئۆيى-نىڭ يەر ئاستى ھۇجرىسىدا تۇراتتى.

بۇ قورۇ - جاي خارەزمىنىڭ تاۋار - دۇردۇنلىرى بىلەن ھەپىلىشىدىغان كاتتا بىر باينىڭ ئىدى. ئۇ كىشى خۇداگوي ۋە مېھماندوست بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل مۇقەددەم بۇ يەر ئاستى ھۇجرىنى خاتەم ئويغۇچىغا بەرگەنىدى. دۇتان بۇنىڭ بەدىل-گە باينىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە ئۇلۇغ سۇلايماننىڭ[2] ئەپسۇنىنى ئويۇپ بەرگەن.

---

① يالۋاچ — ماھمۇتنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستاندىكى ئۇرگەنچ ئەتراپىدا.

② سۇلايمان — «ئىنجىل» دىكى سۇلايمان پادىشاھ، كېيىنكى چاغلاردا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قەھرىمان كىشىلەرنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە رىۋايەت قىلىنغان.

بۇنىڭدىن سودىگەر ئىنتايىن مەمنۇن بولغانىدى . دۇتان گۆردەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىلەپ ۋە سىيپاپ يۇرۇپ پاكار ، كىچىك شىرەنى تاپتى . ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغان (خاتەم ئويۇشتا ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلار سېلىنغان ) تېرە خالتىنى كىچىك شىرەنىڭ يېنىدىكى تەكچىگە قويدى ــ دە ، يەر ئاستى ھۇجرىدىن قايتىپ چىقتى . ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەك ئۈستىدە قاراڭغۇ تۈن ئاسمىنىغا ۋە ئاسماندىكى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ خېلى ئۇزۇنغىچە بىر كىمنى كۇتۇپ ئولتۇردى .

تۆگىلەر پۇشۇلدايتتى . بەزىلىرى ياتاتتى ، بەزىلىرى ئۆرە تۇراتتى . ئۆرە تۇرغان تۆگىلەرنىڭ پۇتى ئارىلىقىدىن تۆگە يېتىلىگۇچى ھويلا ئوتتۇرىسىغا ياققان گۇلخاننىڭ قىپقىزىل يالقۇنىنى كۆرگىلى بولاتتى .

ئۇ كۇتكەن كۆلەڭگە ئاخىر كۆرۈندى . كۆلەڭگە دۇتاننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . ئۇنىڭ جىسمىدىن ئەتىرنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . كۆلەڭگە ئىنتايىن يېقىملىق بىر ئاۋازدا ئېھتىيات بىلەن :

— ھۆرمەتلىك مەۋلانەم سىزگە سالام يوللىدى ۋە سىزنىڭ مەۋلانەمگە دۇئا قىلىپ تۇرۇشىڭىزنى ئېيتتى ، — دېدى .

ئۇ دۇتانغا قول كۆيگۇدەك قىزىق كاكچا ناندىن بىرنى ۋە ھورى پۇرقىراپ تۇرغان ئۇماچتىن بىر قاچا ئېلىپ كەلگەنىدى . دۇتان قولىنى سوزۇپ تاماقنى ئالىدىغان چاغدا ، قىزنىڭ كۇمۇش ئۈزۈك تاقىغان نازۇك قوللىرىدىن گۇپۇلدەپ تۇرغان پۇراقنى پۇرىدى ، يۈزىگە قىزنىڭ چاپىنىنىڭ پەشلىرى تېگىپ كەتتى . قىز ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە تال چۇچۇلا ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيىتىپ بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى . دۇتان ئۇنىڭ كەينىدىن ئاچ كۆزلۇك بىلەن قاراپ قالدى ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ھۆرمەت بىلەن كۇتۇپ ئولتۇرۇشقا توغرا كەلدى . ئۇزۇن ئۆتمەي قىز بىرنەچچە تال چۇچۇلىنى ئەكېلىپ ، ئېڭىشىپ پۇۋلىدى . بۇ چاغدا ، ئوتتىن چىققان يالقۇن قىزچاقنىڭ گۈزەل چىرايىنى ، سۇرمە تارتقان



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com